# نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش سۆھبەت يىغىنىدا قىلىنغان سۆز

(2020 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى)

شى جىنپىڭ

**يولداشلار:**

بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى — ھازىرقى ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ تەسىرىنى يېڭىپ، قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى قەرەلىدە تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، ئومۇمیۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش.

باياتىن نۇجياڭ ئوبلاستى، خوتەن ۋىلايىتى، لەنكاۋ ناھىيەسى، داخۇا ناھىيەسى، خېجاڭ ناھىيەسىدىكى بەش يولداش پىكىر بايان قىلدى، ناھايىتى ياخشى سۆزلىدى، ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەرنىڭ يازما ماتېرىياللىرىنىمۇ كۆردۈم. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدىكى تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرى ئومۇمیۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى خىزمەتلەرنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى، كۆپچىلىكنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا تولۇق ئىشەنچى بار.

2015 ـ يىلدىن بۇيان، مەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش توغرىسىدا يەتتە قېتىم مەخسۇس تېمىلىق يىغىن ئاچتىم. 2015 ـ يىلى يەنئەندە ئىنقىلابىي كونا رايونلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىش سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى، گۇيياڭدا قىسمەن ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەرنىڭ نامراتلارنى يۆلەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋە «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى، 2016 ـ يىلى يىنچۈەندە شەرقىي، غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ نامراتلارنى يۆلەش ھەمكارلىق سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى، 2017 ـ يىلى تەيۈەندە ئېغىر نامرات رايونلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى، 2018 ـ يىلى چېڭدۇدا نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىش سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى، 2019 ـ يىلى چۇڭچىڭدا «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى، ھەر قېتىمدا بىر ئاساسىي تېما چۆرىدەلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە دائىرىلىك خىزمەت تەلىپىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ھەر قېتىملىق سۆھبەت يىغىنىدىن بۇرۇن، مەن ئالدى بىلەن نامرات رايونلارغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدىم، نەق مەيداندا ئەھۋال ئىگىلىدىم، ئاساسىي قاتلامدىكى كادىرلار، ئاممىنىڭ پىكرىنى ئاڭلىدىم، ئىگىلىگەن ئەھۋاللارغا ئاساسەن، ئالاقىدار ئۆلكىلەردىكى مەسئۇل يولداشلارنى چاقىرىپ خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرما قىلدىم.

بۇ يىلنىڭ بېشىدا، مەن باشقا جايلارغا بېرىپ تەكشۈرۈشكە بىرلەشتۈرۈپ، ئالاقىدار جايلار، بولۇپمۇ تېخى قالپاقنى تاشلىمىغان نامرات ناھىيەلەردىكى بارلىق مەسئۇل يولداشلارنى بىر يەرگە تەكلىپ قىلىپ يىغىن ئېچىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ھەل قىلغۇچ جېڭى خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىشنى ئويلىغاندىم. يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈز بەرگەندىن كېيىن، مەن يەنە يۇقۇم ئەھۋالى ئۇنۇملۇك تىزگىنلەنگەندە، ئاندىن يەرلىككە بېرىپ ئېچىشنىمۇ ئويلاشتىم، لېكىن بۇ يىللىق بارلىق پىلاننى ئورۇنداشقا يەنە ئۇن ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت قاپتۇ، كۈن بويىچە ھېسابلىغاندا 300 كۈن بولىدىكەن، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى قەرەلىدە ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئەسلىدىلا بېشىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن قاتتىق قىيىنچىلىق بار، يۇقۇم قىيىنچىلىقنى يەنە ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى، شۇڭا تېزدىن قايتا سەپەرۋەر قىلىپ، قايتا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئويلاشتىم.

بۇ قېتىمقى سۆھبەت يىغىنىغا بارلىق ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەردىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلارنىڭ ھەممىسى قاتناشتى، ئوتتۇرا، غەربىي قىسىم رايوندىكى مەركەز بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالىغان 22 ئۆلكىدە بۇ يىغىن ناھىيە دەرىجىلىككىچە ئېچىلدى. بۇ، پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جەھەتتىكى ئەڭ چوڭ كۆلەملىك يىغىن بولۇپ، بۇنىڭدىكى مەقسەت پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت، پۈتۈن جەمئىيەتتىكى كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، تېخىمۇ زور ئىرادە، تېخىمۇ كۈچلۈك سالماق بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت.

تۆۋەندە، مەن بىرقانچە پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

### 1. دۆلىتىمىز نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، بىز خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، 2020 ـ يىلغا بارغاندا دۆلىتىمىزدە ھازىرقى ئۆلچەم ئاساسىدا يېزىلاردىكى نامرات نوپۇسنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، نامرات ناھىيەلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ نامراتلىق قالپىقىنى تاشلاش، رايون خاراكتېرلىك ئومۇمىي نامراتلىقنى ھەل قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى ئايدىڭلاشتۇردۇق. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش سۈرئىتى كۆزلىمىگە ئۇيغۇن بولۇپ، مۇۋەپپەقىيەتلەر دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتماقتا.

بىرىنچى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى نىشان ـ ۋەزىپىلەر تاماملىنىشقا ئاز قالدى. دۆلىتىمىز 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن باشلاپ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى باشلىغان بولۇپ، بۇنىڭدا ئىككى ئاساسىي ئەھۋال بار. بىرى، ئەينى چاغدىكى نامراتلارنى يۆلەش ئۆلچىمى بويىچە، نامرات نوپۇسنى 30 مىليون ئەتراپىدا ئازايتقاندىن كېيىن، ئازايتقىلى بولمىدى، يەنە بىرى، نامرات ناھىيە قالپىقىنى كىيۋالغانلار يۆلىگەنسېرى كۆپەيدى. بۇ قېتىمقى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا بۇ خىل يۈزلىنىش ئۆزگەرتىلدى. نامرات نوپۇس 2012 ـ يىلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى 98 مىليون 990 مىڭ كىشىدىن 2019 ـ يىلىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى 5 مىليون 510 مىڭ كىشىگە ئازايدى، نامراتلىقنىڭ يۈزبېرىش نىسبىتى %10.2تىن %0.6كە چۈشتى، ئۇدا يەتتە يىل ھەر يىلى 10 مىليوندىن كۆپرەك كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. بۇ يىل 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 832 نامرات ناھىيە ئىچىدە 601ى نامراتلىق قالپىقىنى تاشلىغانلىقىنى جاكارلىدى، 179ى تەكشۈرۈلۈپ چېكىندۈرۈلمەكتە، نامراتلىق قالپىقىنى تاشلىمىغان ناھىيەدىن يەنە 52سى بار بولۇپ، رايون خاراكتېرلىك ئومۇمىي نامراتلىق ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىندى.

ئىككىنچى، نامرات ئاممىنىڭ كىرىم سەۋىيەسى زور دەرىجىدە ئۆستى. بىز روناق تاپقۇزۇش شەكلىدىكى نامراتلارنى يۆلەش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، بارلىق ئەمگەك ئىقتىدارى بولغان نامرات نوپۇسنى ئۆزىنىڭ ئىككى قولىغا تايىنىپ گۈزەل ئەتىنى يارىتىشقا يېتەكلىدۇق ۋە قوللىدۇق. ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات نوپۇس ئىچىدە، %90تىن ئارتۇقى كەسپلەر ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش جەھەتتىن قوللاشقا ئېرىشتى، ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن كۆپرەكى ئاساسلىقى سىرتقا چىقىپ ئىشلەش ۋە كەسپلەر ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا تايىنىپ، مائاش خاراكتېرلىك كىرىمى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارەت خاراكتېرلىك كىرىمىنىڭ ئېگىلەش نىسبىتىنى ئاشۇردى، يۆتكىلىشچان كىرىمنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى يىلدىن ـ يىلغا تۆۋەنلەپ، ئۆز ئالدىغا نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئىقتىدارى پۇختا قەدەممۇ قەدەم ئاشتى. 2013 ـ يىلدىن 2019 ـ يىلغىچە، 832 نامرات ناھىيەدىكى دېھقانلارنىڭ ئىلكىدىكى چىقىم قىلىشقا بولىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىم 6079 يۈەندىن 11 مىڭ 567 يۈەنگە كۆپىيىپ، يىلىغا ئوتتۇرىچە %9.7 ئۆسۈپ، ئوخشاش مەزگىلدىكى پۈتۈن مەملىكەتتىكى دېھقانلارنىڭ ئىلكىدىكى چىقىم قىلىشقا بولىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمنىڭ ئېشىش نىسبىتىدىن 2.2 پىرسەنت پوئىنت يۇقىرى بولدى. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2015 ـ يىلدىكى 3416 يۈەندىن 2019 ـ يىلدىكى 9808 يۈەنگە كۆپىيىپ، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى %30.2 بولدى. نامرات ئاممىنى «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق»نىڭ سۈپىتى، سەۋىيەسى كۆرۈنەرلىك ئېشىپ، «ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەر ئومۇمىي جەھەتتىن ھەل قىلىندى.

ئۈچىنچى، نامرات رايونلارنىڭ ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. شارائىتى ھازىرلانغان ئىشتاتلىق كەنتلەرنىڭ ھەممىسىگە قاتناقلاشتۇرۇلغان يول تۇتاشتۇرۇلۇپ، ھەممە كەنتتە داۋالاش ئۆيى ۋە كەنت دوختۇرى بار بولدى، مەجبۇرىيەت مائارىپى ئاجىز 108 مىڭ مەكتەپنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتى ياخشىلاندى، يېزا ئېلېكتىر تورىنى توك بىلەن تەمىنلەشنىڭ ئىشەنچلىك بولۇش نىسبىتى %99كە يەتتى، ئېغىر نامرات رايونلاردىكى نامرات كەنتلەرگە كەڭ بەلباغلىق تور تۇتاشتۇرۇش نىسبىتى %98كە يەتتى، 9 مىليون 600 مىڭدىن ئارتۇق نامرات نوپۇس باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش ئارقىلىق «شۇ يەرنىڭ سۈيى، تۇپرىقى شۇ يەردىكىلەرنى باقالمايدىغان» قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدى. نامرات رايونلاردىكى ئاممىنىڭ سەپەرگە چىقىشى قىيىن بولۇش، توك ئىشلىتىشى قىيىن بولۇش، مەكتەپتە ئوقۇشى قىيىن بولۇش، كېسەل كۆرسىتىشى قىيىن بولۇش، ئالاقىلىشىشى قىيىن بولۇش قاتارلىق ئۇزاق مەزگىل ھەل قىلىنمىغان كونا، چوڭ، قىيىن مەسىلىلىرى ئومۇمیۈزلۈك ھەل قىلىنىپ، مەجبۇرىيەت مائارىپى، ئاساسىي داۋالىنىش، ئولتۇراق ئۆي بىخەتەرلىكى كاپالەتكە ئىگە بولدى. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، مەن ھەر يىلى نامرات رايونلارغا بېرىپ تەكشۈردۈم، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدىم، ئالدىنقى نەچچە يىلدا بارسام، تاغ يوللىرىدا يول بويى چايقىلىپ ماڭاتتۇق، كەنتكە كىرسەك يوللار ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل ئىدى، ھاۋا ئوچۇق كۈنلەردە ئايىغىمىز توپا بولۇپ كېتەتتى، يامغۇرلۇق كۈنلەردە يول پاتقاق بولۇپ كېتەتتى، نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن، بەزىلىرىنىڭ تۆت تېمىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق، بەزى نامرات ئامما يىل بويى تۈزۈك گۆشمۇ يېيەلمەيتتى، نۇرغۇن بالا مەكتەپتە ئوقۇمىغان ياكى ئارىلىقتا ئوقۇشتىن توختاپ قالغانىدى، نۇرغۇن كىشى ئاغرىپ قالسا ئاساسىي جەھەتتىن چىداپ ئۆتكۈزۈۋېتەتتى، بۇنى كۆرۈپ كۆڭلۈم بەك غەش بولاتتى. بۇ بىرنەچچە يىلدا، مەن يەنە بەزى نامرات كەنتلەرگە بېرىپ، ھەقىقىي ئۆزگىرىشلەرنى كۆردۈم، يوللار تۈز، راۋان، يېڭى ئۆيلەر تۈتىشىپ كەتكەن، نامرات ئاممىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكتە مەسىلە يوق ئىدى. ئاممىنىڭ چېھرىدە جىلۋىلەنگەن سەمىمىي، ساپ تەبەسسۇمنى كۆرۈپ، كۆڭلۈمدە ئىنتايىن خۇش بولدۇم.

تۆتىنچى، نامرات رايونلارنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى كۆرۈنەرلىك تېزلەشتى. بىز نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق نامرات رايونلارنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىيات ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى بىرتۇتاش ئىگىلەشتە چىڭ تۇردۇق، نامرات رايونلاردا يېڭى تەرەققىيات ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. خاس كەسپلەر ئۆزلۈكسىز زورىيىپ، كەسپلەر ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، ئېلېكتىرونلۇق سودا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، فوتوۋولت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، ساياھەت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش قاتارلىقلار بىرقەدەر تېز تەرەققىي قىلدى، نامرات رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي ھاياتىي كۈچى ۋە تەرەققىيات زاپاس كۈچى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى. ئېكولوگىيە ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، باشقا جايغا كۆچۈرۈپ نامراتلارنى يۆلەش، تېرىلغۇ يەرنى ئورمانغا قايتۇرۇش، ئوتلاققا قايتۇرۇش قاتارلىقلار ئارقىلىق، نامرات رايونلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىپ كىرىمنى ئاشۇرۇش يوللىرى كۆرۈنەرلىك كۆپەيدى، ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمەتلەر كۈنسېرى مۇكەممەللەشتى.

بەشىنچى، نامراتلىقنى تىزگىنلەش ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك ئاشتى. بىز پارتىيە قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئېلىگىرى سۈردۇق، نامرات رايونلاردىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى كۈچەيدى، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ نامراتلىقنى پەرقلەندۈرۈش، دەل جايىدا ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق قابىلىيىتى كۆرۈنەرلىك ئېشىپ، پارتىيەنىڭ يېزىلاردىكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئاساسى پۇختىلاندى. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 255 مىڭ كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى ئەۋەتىلىپ، جەمئىي 2 مىليون 900 مىڭدىن ئارتۇق ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە دۆلەت كارخانىلىرى، كەسپىي ئورۇنلاردىكى كادىرلار نامرات كەنت ۋە ئاجىز، چېچىلاڭغۇ كەنتلەرگە بېرىپ 1 ـ شۇجى ياكى كەنتتە تۇرۇشلۇق كادىر بولۇشقا تاللاپ ئەۋەتىلدى، نۆۋەتتە 918 مىڭ ئىش ئورنىدا ئىشلەۋاتىدۇ، بولۇپمۇ ياش كادىرلار ئاساسىي قاتلامنى چۈشىنىپ، ئاممىۋى خىزمەتنى ئىشلەشنى ئۆگىنىپ، ئەمەلىيەتتە چېنىقىش داۋامىدا تېز ئۆسۈپ يېتىلدى. بۇ قېتىمقى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە، نامرات رايونلاردىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى بىرقەدەر كۈچلۈك جەڭگىۋارلىقنى نامايان قىلىپ، نۇرغۇن كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى «يۇقۇم»نىڭ ئالدىنى ئېلىش ئەترىتى، «يۇقۇم»غا قارشى جەڭ قىلىش ئەترىتىگە ئايلاندى، بۇنى ئۇلارنىڭ بۇ نەچچە يىللىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتى جەريانىدا تاۋلىنىشنى بېشىدىن كەچۈرگەنلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

ئالتىنچى، جۇڭگونىڭ نامراتلارنى ئازايتىش لايىھەسى ۋە نامراتلارنى ئازايتىش مۇۋەپپەقىيەتلىرى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئومۇمیۈزلۈك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. بۇ يىل نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسى تاماملانغاندىن كېيىن، دۆلىتىمىزدە 100 مىليون ئەتراپىدىكى نامرات نوپۇس نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 2030 ـ يىل ئىمكانىيەتلىك سجىل تەرەققىيات قارالمىسىدىكى نامراتلارنى ئازايتىش نىشانىنى ئون يىل بۇرۇن ئىشقا ئاشۇردۇ، دۇنيادا ھېچقانداق بىر دۆلەت بۇنداق قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بۇنداق كۆپ كىشىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرەلىگەن ئەمەس، بۇ، جۇڭگو ۋە دۇنياغا نىسبەتەن مۇھىم، زور ئەھمىيەتكە ئىگە. خەلقئارا جەمئىيەت جۇڭگونىڭ نامراتلارنى ئازايتىش لايىھەسىنى يۈكسەك ئالقىشلايدۇ. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى گۇتېررېس مۇنۇلارنى بىلدۈردى: نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش تەدبىرى نامرات نوپۇسقا ياردەم بېرىدىغان، 2030 ـ يىل ئىمكانىيەتلىك سجىل تەرەققىيات قارالمىسىدا بېكىتىلگەن ئۇلۇغۋار نىشاننى ئىشقا ئاشۇرىدىغان بىردىنبىر يول، جۇڭگونىڭ تەجرىبىسى باشقا تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنى پايدىلىق ئۆرنەك بىلەن تەمىنلەيدۇ. «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش خەلقئارا ھەمكارلىقىدا، نۇرغۇن تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر جۇڭگونىڭ نامراتلارنى ئازايتىش تەجرىبىسىدىن بەھرىلىنىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. مەن نۇرغۇن تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى ياكى خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇلار ھەممىسى جۇڭگونىڭ نامراتلارنى ئازايتىش مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، بىز نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ساھەسىدە مىسلىسىز مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە دۆلىتىمىز سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ سىياسىي ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلدۇق. بۇ نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشىگە پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە قان ـ تەرى مۇجەسسەملەنگەن، كەڭ كادىرلار، ئامما پۇختا ئىشلەپ ۋۇجۇدقا چىقارغان. بۇ يەردە، مەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتقا ۋاكالىتەن، كۆپچىلىككە ھەم سىلەر ئارقىلىق كەڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش سېپىدىكى يولداشلارغا سەمىمىي سالام يوللايمەن!

### 2. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشتا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق، خىرىسلارغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىش كېرەك

مەن كۆپ قېتىم نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ھەرگىزمۇ ئاسانلا، بىر ھۇجۇم بىلەنلا يەڭگىلى بولمايدۇ، ھەل قىلغۇچ مۇۋەپپەقىيەتتىن ئومۇمیۈزلۈك غەلىبە قىلىشقىچە، دۇچ كېلىدىغان قىيىنچىلىق ۋە خىرىسلار يەنىلا مۇشكۈل، ھەرگىز بوشىشىپ كېتىشكە، بوشاڭلىق قىلىشقا بولمايدۇ، دېگەنىدىم.

— نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئېشىپ قالغان ۋەزىپىلىرى مۇشكۈل. مەملىكەت بويىچە يەنە 52 نامرات ناھىيە نامراتلىق قالپىقىنى تاشلىمىدى، 2707 نامرات كەنت نامراتلىق تىزىملىكىدىن چىقىرىلمىدى، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات نوپۇس تېخى تولۇق نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بولالمىدى. گەرچە ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا ئومۇمىي مقدارى كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن ھەممىسى نامراتنىڭ نامرىتى، قېيىننىڭ قىيىنى، مانا بۇ يېڭىش تەس بولغان قاتتىق قىيىنچىلىق. «ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش» مەسىلىسى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىندى، لېكىن مۇقىملاشتۇرۇش، ياخشى مۇستەھكەملەش يەنىلا ئاسان ئىش ئەمەس، بەزى باللار قايتا ـ قايتا ئوقۇشتىن قالدى، ئوقۇشتىن چېكىندى، نۇرغۇن يېزا ـ كەنتنىڭ داۋالاش مۇلازىمەت سەۋىيەسى تۆۋەن، بەزى يېزىلاردىكى خەتەرلىك ئۆيلەرنى ئۆزگەرتىش سۈپىتى يۇقىرى ئەمەس، بەزى جايلاردا بىخەتەر سۇ ئىچىش مۇقىم ئەمەس، يەنە پەسىل خاراكتېرلىك سۇ قىسلىقى مەۋجۇت. قېپقالغان ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات نوپۇس ئىچىدە ياشانغانلار، كېسەل بولغانلار، مېيىپلەرنىڭ نىسبىتى %45.7كە يېتىدۇ.

— يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يېڭى خىرىس ئېلىپ كەلدى. يۇقۇمنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ئاساسلىقى مۇنداق بىرقانچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. بىرىنچى، سىرتقا چىقىپ ئىشلەش توسالغۇغا ئۇچرىدى. گوۋۇيۈەن نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش ئىشخانىسىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، 2019 ـ يىلى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 27 مىليون 290 مىڭ ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئەمگەك كۈچى سىرتتا ئىشلەمچىلىك قىلغان، بۇ ئائىلىلەرنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسىم ئەتراپىدىكى كىرىمى سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىشتىن كەلگەن بولۇپ، ئۈچتىن ئىككى قىسىم ئەتراپىدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات نوپۇسقا چېتىشلىق. ھازىر، بەزى نامرات ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ سىرتقا چىقىپ ئىشلىشى تەسىرگە ئۇچرىدى، ئەگەر تەدبىر قوللانمىساق، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كىرىم ئازىيىپ كېتىدۇ. ئىككىنچى، نامراتلارنى يۆلەش مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش ۋە نامراتلارنى كەسپ ئارقىلىق يۆلەش جەھەتتىكى قىيىنچىلىق. نامرات رايونلارنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى سېتىلمىدى، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ماددىي ئەشيالار كىرگۈزۈلمىدى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىستېمال تۆۋەنلەپ، نامراتلارنى كەسپ ئارقىلىق يۆلەش، كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تەسىر يەتتى. ئۈچىنچى، نامراتلارنى يۆلەش تۈرلىرىدە ئىش توختىدى. نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش، كۆچۈرۈپ يەرلەشتۈرۈش، ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى قۇرۇلۇشى، يېزا يولى قاتارلىق تۈرلەردە ئىش باشلاش يېتەرلىك بولمىدى، پىلان بويىچە ئالغا سىلجىتىشقا بولمىدى. تۆتىنچى، ياردەم بېرىش ـ يۆلەش خىزمىتى تەسىرگە ئۇچرىدى. بەزى يۇقۇم ئېغىر رايونلاردا ۋەزىپە بىلەن چېنىقدىغان كادىرلار ۋە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترەتلىرى ۋاقتىنچە ئىش ئورنىغا بارالمىدى.

— نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەشتە قىيىنچىلىق ناھايىتى زور. نامراتلىقتىن قۇتۇلغان رايون ۋە نوپۇس ئىچىدە، بەزى كەسپلەرنىڭ ئاساسى بىرقەدەر ئاجىز، بەزى كەسپلەردە تۈرلەرنىڭ ئوخشاش بولۇپ قېلىشى ئېغىر، بەزىلىرىدە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تازا مۇقىم ئەمەس، بەزىلىرىنىڭ سىياسەت خاراكتېرلىك كىرىمىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى يۇقىرى. ھەرقايسى جايلارنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە تېگى ـ تەكتىنى ئېنىقلىشىغا ئاساسلانغاندا، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان نوپۇس ئىچىدە 2 مىليونغا يېقىن كىشىنىڭ قايتا نامراتلىشىپ كېتىش خەۋپى بار، چەت رايونلاردىكى نوپۇس ئىچىدە يەنە 3 مىليونغا يېقىن كىشىنىڭ نامراتلىشىپ كېتىش خەۋپى بار.

— نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. ھازىر، ئەڭ چوڭ مەسىلە بوشىشىپ كېتىش، بوشاڭلىق قىلىش، زېھنىنى باشقا ياققا بۇراشتىن ساقلىنىش، مەن بۇلتۇر چۇڭچىڭ سۆھبەت يىغىنىدا بۇ مەسىلىنى سۆزلىگەنىدىم. ئەمما تېخىمۇ كۆپ نامرات نوپۇسنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا، نامرات ناھىيەلەرنىڭ نامراتلىق قالپىقىنى تاشلىشىغا ئەگىشىپ، بەزى جايلاردا خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى يۆتكەش، سېلىنما سالمىقىنى تۆۋەنلىتىش، كادىرلارنىڭ زېھنى چېچىلىپ كېتىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلدى. شەكلۋازلىق، بيۇروكراتلىق چەكلىسىمۇ تۈگىمەيۋاتىدۇ. سان ـ سىپىردا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، ساختا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش يەنىلا يۈز بېرىۋاتىدۇ، ئايرىم رايونلاردا «بىر تارقىتىپلا بولدى قىلىش»، «بىر پاي چېكى بىلەنلا بولدى قىلىش»، «بىر پايدا بىلەنلا بولدى قىلىش» مەسىلىسى تېخى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىنغىنى يوق، قىسمەن نامرات ئاممىنىڭ تەرەققىيات ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى يېتەرلىك ئەمەس.

ئەمەلىيەتتىن قارىغاندا، يۇقۇم ياكى ئاپەت نامراتلارنى ئازايتىش مۇساپىسىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىز جەزمەن ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈشىمىز كېرەك. ھازىر، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا سىياسەت كاپالىتى، مەبلەغ مەددىتى ۋە خىزمەت كۈچى يېتەرلىك، ھەر دەرىجىلىك كادىرلارمۇ مول تەجرىبىلەرنى توپلىدى، كۆپچىلىك كىرىچنى چىڭىتىپ، غەيرەت قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرگەندىلا، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى قەرەلىدە ئورۇنداشقا شارائىتىمىز بار، ئىقتىدارىمىز بار.

### 3. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى يۇقىرى سۈپەتتە ئورۇنداشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ ‹يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار› ساھەسىدىكى نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇپ، ئومۇمیۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشنى ئۆز قەرەلىدە ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش توغرىسىدىكى پىكرى»دە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر يىللىق خىزمىتى توغرىسىدا ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇشى كېرەك.

بىرىنچى، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ۋەزىپىنى تاماملاش كېرەك. داۋاملىق دىققەتنى «ئۈچ رايون، ئۈچ ئوبلاست» قاتارلىق ئېغىر نامرات رايونلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش لايىھەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، گەۋدىلىك مەسىلە ۋە ئاجىز ھالقىلارنى نىشانلاپ، سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قاتتىق تۇتۇش كېرەك. قېپقالغان ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات نوپۇسنى ئۆز قەرەلىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، نامراتلىق قالپىقىنى تاشلىمىغان 52 نامرات ناھىيە ۋە 1113 نامرات كەنتكە قارىتا ۋەزىپىسى ئېغىر جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى يولغا قويۇپ، گوۋۇيۈەن نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ھەقىقىي قول سېلىپ قىيىنغا تېگىش قىلىپ «ھەيدەكچىلىك قىلىش»ى، ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەر قەلب، كۈچنى مۇجەسسەملەپ «جەڭ» قىلىپ، ئەڭ ئاخىرقى قاتتىق قىيىنچىلىقنى يېڭىشى كېرەك. «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش» نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ئەمگەك ئىقتىدارى بولمىغان ئالاھىدە نامرات نوپۇسنى ئىجتىمائىي كاپالەتتىن تولۇق كاپالەتلەندۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كاپالەتلەندۈرۈشكە تېگىشلىكلەرنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)